## 48975 ـ روزىدار رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە سەپەر قىلسا، ئىپتارىنى ئىچىۋېتىشى دۇرۇس بولىدۇ

### سوئال

كېچىدە روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ روزا تۇتتۇم، ئاندىن كۈندۈزدە سەپەر قىلىشنى مەقسەت قىلدىم، مەن روزامنى تاماملىيەلمىسەم ياكى يول ئۈستىدە ئىپتارىمنى ئاچسام بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىبى بويىچە روزىدار كىشى رامىزاندا كۈندۈزى سەپەر چەرىيانىدا روزىسىنى بۇزۇۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ. ["ئەلمۇغنى4-توم 345-بەت].

قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇ ھەقتە بايان قىلىنغان دەلىللەر يۇقىرىقى سۆزنى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ تەرجىمىسى: كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. [سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

مۇساپىر رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىپتارىنى ئىچىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئۇبەيد ئىبنى جەبىردىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ بەسرە ئەلغىپارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە پۇستات دېگەن جايدىن كېمىگە چىقىپ سەپەرگە ئاتلاندۇق، كېمە قوزغىلىشى ئۇ كىشى دەستۇرخان سېلىپ يېمەكلىك ھازىر قىلىپ، مېنى يېقىن كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. (ئىمام ئەھمەتتىن بايان قىلىنغان رىۋايەتتە: كېمە قوزغىلىشىغا دەستۇرخان سېلىپ يىمەكلىك ھازىر قىلدى دېيىلگەن) مەن: تېخى ئۆيلەرنى كۆرەۋاتىمىزغۇ؟ دېدىم. ئۇ كىشى: "سەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرىمەكچىمۇ؟" دېدى. [ئىمام ئەھمەد26690-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇت 2412 ـ ھەدىس].

"ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى سۈننەتتىن دېگەن سۆزدىن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭسۈننىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ." [ئەۋنۇل مەبۇد].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "تەھزىب ئەسسۇنەن" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىمام ئەھمەدتىن بايان قىلىنغان بىر رىۋايەتتە بۇ ئەسەر روزىدار كىشىنىڭ سەپەر جەريانىدا ئىپتارىنى ئىچىۋېتىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ھۆججەت بولىدۇ. شۇنداقلا ئەمرۇ ئىبنى شۇرەھبىل، شەئبى ۋە ئىسھاق قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇ قاراشتا بولغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ يۇقىرىقى قاراش

باyan قىلىنغان. داۋۇت ئىبنى مۇنزىرمۇ بۇ قاراشنى كۈچلاندۇرغان".

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ "پەتىۋالار مەجمۇئەسى" ناملىق ئەسىرى 25-توم 212-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بىر كىشى رامزان كۈنلىرىدە سەپەردە بولسا ئېغىزىنى ئىچىۋەتسە دۇرۇس بولامدۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئىككى خىل قاراشتا بولۇپ، ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھدىن بۇ توغرىدا ئىككى تۈرلۈك كۆزقاراش بايان قىلىنغان، ئۇ كۆزقاراشلارنىڭ كۈچلۈكرەكى، سەپەر ئۈستىدىكى كىشى روزىسىنى بۇزۇۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ دېگەن قاراشتۇر. بۇ توغرىدا ھەدىس كىتابلىرىدا، ساھابىلاردىن سەپەردە رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە ئېغىزىنى ئېچىۋەتكەنلىك توغرىسىدا ئەسەرلەر بايان قىلىنغان. يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىستىمۇ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەپەردە روزىدار ئىدى، يولدا كېتىۋېتىپ سۇ ئەكەلدۈرۈپ روزىسىنى بۇزۇۋەتتى، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا قاراپ تۇراتتى". ["شەرھۇل مۇمتىئ" ناملىق ئەسەر 6-توم217-بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

لېكىن سەپەرنى باشلاپ ئۆز يۇرت دائىرىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن روزىسىنى ئېچىۋەتسە بولىدۇ. ئەمما سەپەرنى مەقسەت قىلىپ يۇرتىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ روزىسىنى بۇزسا توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ "شەرھۇل مۇمتىئ" ناملىق ئەسىرى 6-توم217بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "روزىدار رامىزاندا سەپەر قىلسا كۈندۈزدە ئېغىزىنى ئىچىۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن روزىدار مۇساپىرلىق ھالىتىدە ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشى ئۆزى ئۆز يۇرت دائىرىسىدىن ئايرىلىش شەرتمۇ ياكى سەپەرنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىقىپلا ئىپتار قىلامدۇ؟. بۇنىڭ جاۋابى: بۇ مەسىلىدە ئىلگىرىكى ئالىملار ئىككى خىل قاراشتا بولغان.

بۇ قاراشلارنىڭ ئەڭ توغرىسى، روزىدار ئۆز يۇرت دائىرىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېغىزىنى ئىچىۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى سەپەر قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ يۇرتىدىن چىقىپ كەتمىدى ۋە سەپەر دائىرىسگە كىرمىدى. مۇساپىرنىڭ ئۆز يۇرت دائىرىسىدىن چىقماي تۇرۇپ نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشى دۇرۇس بولمىغاندەك، روزىدارنىڭ سەپەر ئۈچۈن يۇرت دائىرىسىدىن چىقماي تۇرۇپ ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.